Ministry for Ethnic Communities
Te Tari Mātāwaka

# دوكسس

## دوكسس (ياكى دوكسس قىلىش) دېگەن نېمە؟

دوكسس قىلىش بولسا سىزدىن روخسەتسىز سىزنىڭ شەخسىي ياكى خۇسۇسىي ئۇچۇرلىرىڭىزنى تورغا چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سىزنىڭ تولۇق ئىسمىڭىز، ئۆي ئادرېسىڭىز، تېلېفون نومۇرىڭىز، سىز ئىشلەيدىغان ئورۇن، ھەتتا ئائىلىڭىزنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنى ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ سىزنى قورقۇتۇش تەھدىت سېلىش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ياكى قورقۇتۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

**ئەگەر دوكسس چەتئەل دۆلىتى ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئېلىپ بېرىلسا، بۇ بىرخىل چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشى ھېسابلىنىدۇ**. شەخسىي ۋە خۇسۇسىي ئۇچۇرلارنى ئۇچۇق-ئاشكارا ئورتاقلاشسا باشقىلارنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكى بىخەتەرلىكى ۋە تىنچ-ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

## ئەگەر دوكسس بولغاندا قانداق قىلىش كېرەك

### ئائىلىڭىزدىكىلەر ۋە دوستلىرىڭىزغا ئېيتىڭ

ئەگەر ئۆزىڭىز خالىسىڭىز، ئائىلىڭىزدىكىلەرگە ۋە دوستلىرىڭىزغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتىڭ، ئۇلارمۇ نىشانغا ئېلىنىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئارخىپىنى شەخسىي ئورۇنغا قويۇشنى ئېيتىڭ.

### دوكسسىڭ يۈز بەرگەندە مۇنبەردە/ تور بەتتە/ ئەپتە دوكلات بېرىش

ۋەقە يۈز بەرگەندە تور بەت، ئەپ ياكى مۇنبەردە دوكلات قىلىش ئىقتىدارىنى ئىشلىتىڭ.

**Netsafe** نىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە قوللانمىلىرىدا بۇنى قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۇچۇرلار بار.

## Netsafe غا دوكلات قىلىش

زىيانلىق مەزمۇنلارنى Netsafe غا مەلۇم قىلسىڭىز بولىدۇ: ئىلتىماس يوللاش – Netsafe.
Netsafe يەنە سىزگە تور بىخەتەرلىكى بىخەتەرلىكى توغرىسىدا مۇتەخەسسىسلىك قوللاش، مەسلىھەت ۋە ياردەملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن help@netsafe.org.nz ئېلخەت  يوللاڭ ياكى «Netsafe» غا ئۇچۇر يوللاپ ئەۋەتىڭ.

## ساقچىغا مەلۇم قىلىش

ئەگەر خەتەرگە يولۇقسىڭىز دەرھال 111 غا تېلېفون قىلىڭ.

ئەگەر جىددىي ئەھۋال بولمىسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق ساقچى بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ:

- 105 تور جەدۋىلىنى ئىشلىتىش
- ھەر قانداق يانفون ياكى مۇقىم تېلېفوندىن 105 كە تېلېفون قىلساق، بۇ مۇلازىمەت ھەقسىز بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 7/24 مۇلازىمەت قىلغىلى بولىدۇ.

105 جەدۋەل ساقچىلارنىڭ دوكلاتىڭىزنى بىر تەرەپ قىلىشى ۋە سىز بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن بەزى شەخسىي ئۇچۇرلىرىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. **ساقچىلار پەقەت بۇ ئۇچۇرلارنى ئىجازەت بېرىلگەن ئەھۋاللاردا ئىشلىتىدۇ.**

## NZSIS غا دوكلات قىلىش

ئەگەر سىز چەتئەل دۆلىتىنىڭ بۇ توردا ھاقارەتلەش ۋە پاراكەندىچىلىك قىلىشىنىڭ ئارقىسىدا بارلىقىدىن گۇمان قىلسىڭىز، ئۇلارنى بىخەتەر تور جەدۋىلىنى ئىشلىتىپ NZSIS غا دوكلات قىلسىڭىز بولىدۇ. قىلسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر سىز خالىمىسىڭىز ئىسمىڭىز، تېلېفون نومۇرىڭىز ياكى ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرى قاتارلىق شەخسىي ئۇچۇرلىرىڭىزنى بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. سىز يەنە جەدۋەلنى ئۆز تىلىڭىزدا تولدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز تەمىنلىگەن بارلىق ئۇچۇرلار **مەخپىي ۋە قوغدالغان ھالەتتە** ساقلىنىدۇ.

ئەگەر سىز NZSIS دىكى بىرەيلەن بىلەن پاراڭلاشماقچى بولسىڭىز، ئۇلارغا +64 4 472 6170 ياكى 0800 747 224 غا تېلېفون قىلسىڭىز بولىدۇ.

### دوكلات قىلغاندا Netsafe، ساقچى ياكى NZSIS بىلەن ئورتاقلىشىدىغان ئۇچۇرلار

دوكلات قىلغاندا، ئىمكانقەدەر كۆپ تەپسىلاتلارنى تەمىنلەش پايدىلىق بولىدۇ. تۆۋەندىكىلەرنى ئېكراندا رەسىم تارتىش ياكى بىر نۇسخىسىنى ساقلاشقا ئۇرۇنۇپ بېقىڭ:

- قانداق شەخسىي ياكى خۇسۇسىي ئۇچۇرلىرىڭىز ئورتاقلىشىلىدى ياكى يوللاندى
- ئورتاقلاشقان كىشىنىڭ ئىشلەتكۈچى ئارخىپى ياكى ھېساباتى، مەسىلەن ئۇلارنىڭ ئىشلەتكۈچى ئىسمى
- ئۇچۇر ئورتاقلاشقان ياكى يوللانغان كۈن ۋە ۋاقىت
- يۈز بەرگەن تور بېتى ياكى ئەپنىڭ ئىسمى

## قانداق قىلىپ ئۆزىڭىزنى دوكىستىن قوغدىشىڭىز كېرەك

### توردا بىخەتەر بولۇش

تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن توردا بىخەتەر بولۇش توربېتىغا قاراڭ.

### توردا ئۇچۇرلارنى ئورتاقلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىش

ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە تور ھېساباتىڭىزدىكى مەخپىيەتلىك تەڭشەكلىرىڭىزنى تەكشۈرۈڭ. ئارخىپىڭىزنى شەخسىي قىلىپ تەڭشەڭ.

### ئۆزىڭىزنى توردىن ئىزدەش

ئىسمىڭىز ۋە شەخسىي ئۇچىرلىرىڭىزنى ئىزدەپ توردا سىز توغۇرلۇق قايسى ئۇچۇرلارنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىڭ. باشقىلارسىزگە زىيان يەتكۈزىدىغان شەخسىي ۋە خۇسۇسىي ئۇچۇرلىرىڭىزنى ئۆچۈرۈڭ مەسىلەن : سىزنىڭ ئادرېسىڭىز.

### ئۈسكۈنىلەردىكى ئورۇن ۋە جۇغراپىيەلىك بەلگە تەڭشەكلىرىنى كونترول قىلىش

ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون ۋە كامېرالارنىڭ ئورۇن تەڭشەكلىرىنى ئىشلىتىپ رەسىمگە ئورۇن قىستۇرۇشنى ئىشلىتىشى مۇمكىن. بۇلارئۆيىڭىز ياكى بالىلىرىڭىزنىڭ مەكتىپىگە ئوخشاش شەخسىي ئۇچۇرلىرىڭىزنى ئېنىشقا ئىشلىتىلىدۇ .ئۈسكۈنىڭىزدىكى جۇغراپىيىلىك ئورۇن بەلگىلەش ياكى ئورۇن تەڭشەكلىرىنىڭ تاقىلىشى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا كونكرېت كۆرسەتمىلەر ئۈچۈن ئۈسكۈنىڭىزنىڭ نامىنى ئىشلىتىپ توردىن ئىزدەڭ.